شىنجاڭ گېزىتى

新 疆 日 报

(维文)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN 65 — 0002/Z

(ۋەكالەت نومۇرى 1 — 57)

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (بۇ سان 6 بەت)

1991 - يىل

مارت

31

يەكشەنبە

دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى باشقا ئورۇنلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ،

چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، يېزا ئىسلاھاتىغا يېتەكچىلىك قىلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز جاڭ جيې خەۋەر قىلىدۇ: 1990 - يىلى دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ ئاشلىق، ياغلىق دان، قىزىلچا ھوسۇلى ۋە چارۋا ماللارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قوتاندىكى سانى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى ئومۇمىيۈزلۈك ئاشتى. مول ھوسۇل ئېلىنغان ۋەزىيەتتە دۆربىلجىن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۆزىگە تەمەننا قويماي، يېزا خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېزا ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا قاراتتى.

ئەينى ۋاقىتتا كۆپلىگەن يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرىدا يېزا ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا نېمىنى ئىسلاھ قىلىش، قانداق ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆڭلىدە سان يوق ئىدى. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا يېزىلارغا بېرىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. ئۇلار تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئۈچ جەھەتتىكى مەسىلىنى يىغىنچاقلاپ چىقتى: بىرىنچىسى، بەزى يېزا - كەنتلەردە كوللېكتىپ ئىگىلىك قۇرۇق جازىغا ئايلىنىپ قالغان، چارۋا ماللارنى باھاغا سۇندۇرغاندىكى پۇل، مال - مۈلۈك ئامورتىزاتسىيە پۇلى يىغىۋېلىنمىغان، ئاز ساندىكى كەنتلەردە بىر پۈتمۇ جۇغلانما [illegible]لمىغان؛ ئىككىنچىسى، «بەشنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش»، خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن يۈزەكى ئىشلەنگەن. نېمىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ۋە ئۇنى قانداق يولغا قويۇش مەسىلىسىدە كۆپلىگەن كەنت كادىرىنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ تونۇشى مۈجمەل بولغان؛ ئۈچىنچىسى، بەزى كەنتلەردە كوللېكتىپقا تاپشۇرۇلىدىغان فوند يىغىۋېلىنمىغان.

ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ئىنىقلانغان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا ماناس، ساۋەن، شىخۇ ۋە ئاقسۇ، مەكىت، مارالبېشى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ تەجرىبە ئۆگىنىشكە ئىككى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى.

ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «يېزا ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە نۆۋەتتە يېزا خىزمىتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قوشۇمچە بەلگىلىمە» چىقاردى. ھۆججەتتە قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى زورايتىش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا يېزىلاردا ھەمكارلىق ئىگىلىك تەشكىلاتىنى قۇرۇش ھەم ئۇنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، يەر باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۈچ ئېتىز تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، كوللېكتىپقا تاپشۇرۇلىدىغان فوند، ئەمگەك مەجبۇرىيىتى، ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمى، كەنت كادىرلىرىنىڭ ئىش ھەققى، قوشۇمچە ياردەم پۇلى ھەم تەكشۈرۈش - باھالاش چارىسى قاتارلىقلار توغرىسىدا بولغا قويۇشقا بولىدىغان بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

ھازىرغا قەدەر، ناھىيىدىكى 130 نەچچە كەنت ئىچىدىكى 100 كەنتتە كەنت دەرىجىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە يېزىلاردا يەرلەرنى تەڭشەش خىزمىتى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلماقتا.

ئۇلۇغۋار پىلان، شەرەپلىك ۋەزىپە

— جياڭ زېمىن شاڭخەي ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە لى پېڭنىڭ دوكلاتىنى قاراپ چىقتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى چېن ماۋدى، سۇن بېنياۋ

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن «خەلق» سارىيىنىڭ يېڭىدىن رېمونت قىلىنغان شاڭخەي زالى باھار تۈسىگە كىردى.

7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان شاڭخەي ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ يەردە لى پېڭ زۇڭلىنىڭ ئون يىللىق پىلان ۋە 8 - بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى قاراپ چىقتى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى جياڭ زېمىن دوكلاتنى شاڭخەي ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە قاراپ چىقتى. شاڭخەي خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يې گۇڭچى مۇنداق دېدى: «باش شۇجى جياڭ زېمىن ھەر يىلى شاڭخەي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ دوكلاتنى قاراپ چىقىشىغا قاتنىشىدۇ، ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا ئادەتتىن تاشقىرى سەمىمىيلىك ھېس قىلىمىز، ھازىر ۋەكىللەرنى سۆزگە تەكلىپ قىلىمەن».

مائارىپ - ئاساس

ۋەكىل گاۋرۇنخۇا ئاۋۋال سۆز قىلدى. يې گۇڭچى تونۇشتۇرۇپ:

— ئۇ گېجى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، - دېدى

— تونۇشتۇرمايلا قويۇڭ، مەن ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئوبدان تونۇشىمەن، - دېدى جياڭ زېمىن كۈلۈپ تۇرۇپ، بۇ چاغدا يىغىن كەيپىياتى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى.

ۋەكىل گاۋرۇنخۇا ئاساس مائارىپى، ئائىلە مائارىپى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆز قىلدى:

— 2 - قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىشتە پەن - تېخنىكا — ئاچقۇچ، مائارىپ — تۈپ ئاساس. مائارىپ سەۋىيىسى ياخشى بولمىسا، نوپۇسنىڭ سەۋىيىسى ياخشىلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەر ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە ئەھمىيەت بېرىشتە، چوقۇم ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى نەزەرگە ئېلىشى، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتىنى پاكلاشتۇرۇشى لازىم.

گاۋ رۇنخۇا، ۋۇ يىڭگۇڭ قاتارلىق ۋەكىللەر يەنە بالىلار باغچىسى، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن تارتىپ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپلەرگە قەدەر ئىدىيە، ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار مۇنداق دېدى: مائارىپنىڭ يادروسى پۈتۈن مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئىدىيە، ئەخلاق جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

جياڭ زېمىن بۇ ۋەكىللەرنىڭ پىكرىنى ئىنتايىن قوۋۋەتلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: مەن ج ك پ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى، بولۇپمۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە دۆلەت ئەھۋالى تەربىيىسى ۋە يېقىنقى زامان تارىخى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. بىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنى چوقۇم سوتسىيالىزم يۆنىلىشى بويىچە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. بۇ، بىر چوڭ يۈك پاراخوتى دېڭىزدا سەپەر قىلغاندا، نىشانىنى توغرا ئىگىلىگەنگە ئوخشاش ئىش. ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا دۆلەت ئەھۋالى تەربىيىسى ۋە يېقىنقى زامان تارىخى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە مىللىي غۇرۇر ۋە مىللىي ئىپتىخارلىقتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، ئۇنى تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ پەيدىنپەي كېڭەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش لازىم. مەن ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار بۇ يىل كۆزدە مەكتەپكە كىرگەندە دۆلەت ئەھۋالى تەربىيىسى توغرىسىدا بىر دەرسلىكى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي

كۈچەيتىش لازىم

7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياستى 2 - قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 30 - مارت تېلېگراممىسى. 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياستى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن «خەلق» سارىيىدا 2 - قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى.

يىغىنغا ھەيئەت رىياستىنىڭ دائىمىي رەئىسى ۋەن لى ۋېيىۋەنجاڭ رىياسەتچىلىك قىلدى.

گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنىغا گوۋۇيۈەننىڭ تەركىبىدىكى بىر قىسىم خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش توغرىسىدا تەكلىپنامە سۇندى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى سۇڭ پىڭ بۈگۈنكى يىغىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى كۆرسەتكەن گوۋۇيۈەن تەركىبىدىكى بىر قىسىم خادىملار نامزاتى توغرىسىدا ئىزاھات بەردى.

قويۇش ئارقىلىق لى پېڭ زۇڭلى سۇنغان تەكلىپنامە ۋە 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى قارار قىلغان گوۋۇيۈەن تەركىبىدىكى بىر قىسىم خادىملارنىڭ ئىسىملىك لايىھەسىنى ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

يىغىن ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تولۇقلاپ سايلىنىدىغان نامزاتلارنىڭ ئىسىملىك لايىھەسىنى ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

بۈگۈنكى ھەيئەت رىياستى يىغىنى يەنە 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ سايلاش ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى قارار قىلىش چارىسى لايىھەسىنى ماقۇللىدى. بۇ لايىھە

يىغىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى كۆرسەتكەن گوۋۇيۈەن تەركىبىدىكى بىر قىسىم ئىدارىلەر ئامراتى توغرىسىدا ئىزاھات بەردى.

بۈگۈنكى ھەيئەت رىياسىتى يىغىنى ئاۋازغا ... يىغىنىنىڭ سايلاش ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى قارار قىلىش چارىسى لايىھەسىنى ماقۇللىدى. بۇ لايىھە چوڭ يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدۇ.

سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنى 2 - قېتىم چوڭ يىغىن ئۆتكۈزدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 30 - مارت تېلېگراممىسى. سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنىدا ئەزالار بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئۈچىنچى قېتىم چوڭ يىغىندا سۆز قىلدى. لۇ جاشى، يۈي جەنتىڭ، خۇاڭ كېلى، لىن جامىي قاتارلىق يەتتە ئەزا مۇنبەرگە چىقىپ، ئايرىم ھالدا پەن - تېخنىكا ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، كەسىپ سىياسىتى، ئاشلىق بازىرى، پۇل مۇئامىلە بازىرى، نوپۇسنى تىزگىنلەش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆز قىلدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چىن سىيۇەن تەكلىپ لايىھە خىزمىتى توغرىسىدا دوكلات بەرگەندىن كېيىن چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقىش باشلاندى.

دېھقان - ئىشچى دېموكراتلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى لۇ جاشى دېھقان - ئىشچى دېموكراتلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: ھازىر ئىقتىساد بىلەن پەن - تېخنىكىنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش مەسىلىسى يەنىلا خېلى گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇچۇن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم

ۋەكىل ۋۇ يىگوڭ مۇنداق دېدى: لى پېڭ زۇڭلى دوكلاتىدا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش نىشانىنى كۆرسىتىپ بەردى، ئىدىيە جەھەتتىكى بارلىق قالايمىقانچىلىق نەزەرىيە جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقتىن باشلىنىدۇ، كۆز قاراش، ئېتىقاد جەھەتتىكى بارلىق تەۋرىنىش ئاۋۋال نەزەرىيە جەھەتتىكى تەۋرىنىشتىن باشلىنىدۇ. شۇڭا ئۈچۈن ماركسىزملىق نەزەرىيە قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن زۆرۈر. ۋەكىل خاباۋشىن ئائىلە زىياندىشىنى يوقىتىش ۋە مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش كۈرىشىنى داۋاملىق كۈچەيتىش لازىملىقى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

جياڭ زېمىن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ:

— سىلەر ناھايىتى ياخشى پىكىر بەردىڭلار. بىر قولدا قاتتىق تۇتۇش، بىر قولدا بوش تۇتۇش ئەھۋالىنى چوقۇم ئۆزگەرتىش كېرەك، — دېدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

... ئاشقان، ئىككىنچىسى، «بەشنى بىر تاپشۇرۇلمىدىغان فوند، ئەمگەك مەجبۇ- ئۆتاش باشقۇرۇش»، خىزمىتى ئاساسىي رېيتى، ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمى،

كۈنەس، مىچۈەن، چاغانتوقايدا كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ۋاڭ جيەنكاڭنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش باش قوماندانلىق شتابىدىن خەۋەر تېپىشىچە، 2 - ئايدىن بۇيان تېمپېراتۇرا تېز ئۆرلەپ، قار - مۇزلار تېز ئېرىپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىدا كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەن.

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، كۈنەس ناھىيىسى زېكتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغ باغرىدىكى قارلار ئېرىپ كەلكۈنگە ئايلىنىپ، شىمالىي ئۆستەڭنىڭ 225 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى بېتون قىرغىقىنى بۇزۇۋېتىپ، شۇ كۈنى كېچىدە مۇس يېزىسىنىڭ ئاھالە ئۆيلىرى، مەكتەپ، ئاشلىق پونكىتى، دوختۇرخانىلارغا بېسىپ كىردى. 107 ئائىلىنىڭ ئۆيى، ئاشلىق پونكىتىدىكى 11 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 1600 كىلوگرام ياغلىق دان سۇ ئىچىدە قالدى، كەلكۈننىڭ زىيىنى 250 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

3 - ئاي كىرگەندىن بۇيان مىچۈەن، چاغانتوقاي ناھىيىلىرىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، 180 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش باش قوماندانلىق شتابى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش تارماقلىرىدىن بىپەرۋالىق، تەلەي سىناش ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، چوڭ كەلكۈن، چوڭ خەۋپكە تاقابىل تۇرۇش ئىدىيىسىنى تىكلەپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋەزىپىسىنى قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەلكۈن ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، كەلكۈن ئاپىتىنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى

ئۆز مۇخبىرىمىز فەن شىبىن قەشقەردىن خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلاردىكى ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئۆگەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؟ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۈي شاۋچىڭ پارتىيىلىك كادىرلار يىغىنىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىرىنچى، مۇقىملىقنى قوغداشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ۋەزىپە سۈپىتىدە قەتئىي بوشاشماي چىڭ، پۇختا، ياخشى تۇتۇش كېرەك؛ ئىككىنچى، شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇماي، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش يېتەكچى ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تىكلەش كېرەك؛ ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

قوتۇبى ناھىيە ئېرشىلدىيەن يېزىسىنىڭ شىسخۇ كەنتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېتىز ئەتراپى، ئېرىق - ئۆستەڭ، يول بويلىرىنى دەرەخزارلىققا ئايلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، بۇ كەنتكە ناھىيە تەرىپىدىن «مەدەنىيەتلىك كەنت» دەپ نام بېرىلدى.

سۈرەتتە: شىسخۇ كەنتى 4 - ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئورمان بەلبېغىدىن بىر كۆرۈنۈش.

ئۆز مۇخبىرىمىز فەن خاۋ فوتوسى

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1990 - يىللىق ياش ئىشچىلارنىڭ تېخنىكىدا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە نەتىجىگە ئېرىشكەن 99 ماھىر مۇكاپاتلاندى

مۇكاپاتلاش يىغىنىغا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جانابىل، يۈسۈپ مۇھەممىدى قاتناشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئۈركەش جاپپار خەۋەر قىلىدۇ: 27 - مارت چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى زالىدا داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1990 - يىللىق ياش ئىشچىلارنىڭ تېخنىكىدا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە نەتىجىگە ئېرىشكەن 99 ياش ماھىرغا گۇۋاھنامە ۋە مۇكاپات بۇيۇملىرى تارقىتىپ بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، ئەمگەك - كادىرلار نازارىتى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق توققۇز ئورۇن بىرلىكتە ئۆتكۈزۈلىدىغان يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ دائىرىسىدە قىرغىنچىلىق، سىلىسارلىق، ئىنچىكە يېپ ئىگىرىش، رەخت توقۇش، تامچىلىق، سۇۋاقچىلىق، ئاشپەزلىك، ساتراشلىق قاتارلىق 24 ئىش تۈرى بويىچە ياش ئىشچىلارنىڭ تېخنىكىدا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەنىدى. مۇسابىقىغە 60 مىڭدىن ئارتۇق ياش ئىشچى قاتناشتى، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ تاللاپ كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن 600 دىن ئارتۇق ماھىر تاللىنىپ، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى. مۇسابىقە ئاخىرىدا 99 كىشى ئالدىنقى بەش ئورۇنغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئۈچى مىللىي ئىشچى.

ئاپتونوم رايونلۇق ياش ئىشچىلارنىڭ تېخنىكىدا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن نەتىجىگە ئېرىشكەن تېخنىكا ماھىرلىرىغا «تېخنىكىدا لاياقەتلىك بولۇش گۇۋاھنامىسى» ۋە «تېخنىكا ماھىرى گۇۋاھنامىسى» ھەمدە رادىئولۇق ئۈنئالغۇ، ۋېلىسىپىت ۋە كۋارتسلىق تام سائىتى تارقىتىپ بېرىلدى.

مۇكاپاتلاش يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇھەممىدى قاتناشتى.

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرەيلى

— «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابتىكى سىياسىي خاتالىقلارغا باھا

فېڭ داجېن

تۇرغۇن ئالماس 1986 - يىل 10 - ئايدىن 1989 - يىل 10 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق ئۈچ كىتابنى ئۇچۇق نەشر قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. بۇ ئۈچ كىتابتا تارىخىي ماتېرىياللارنى بۇرمىلاپ، ئۆزگەرتىپ ۋە توقۇپ چىقىپ، تارىخنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە تارىخ قارىشىغا پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىلدى، ئۈچ كىتابتا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ياكى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ياكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ياكى پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلىش قاتارلىق چوڭ ھەق - چوڭ ناھەقلىق مەسىلىسىدە ئېغىر سىياسىي خاتالىق مەۋجۇت. ئۈچ كىتاب مەسىلىسىنى مۇھاكىمە ۋە تەنقىد قىلىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كەسكىن، مۇرەككەپ سىنىپىي كۈرەش. ئۈچ كىتابتىكى خاتالىقلارنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ھەقىقىي پاكىتنى ئايدىڭلاشتۇرغاندىلا، ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش دېگەن نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، كادىرلارنى ۋە ئاممىنى تەربىيىلىگىلى بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. ئۆتكەن يىل 2 - ئايدىلا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى كىتابخانىلارنىڭ ئىنكاسىغا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۈچ كىتابنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈش ۋە ئوقۇپ چىقىشقا تەشكىللىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ كىتابنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇردى. ئۆتكەن يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ۋە ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى تۇرغۇن ئالماسنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى ئاساس قىلىپ، ئالاقىدار ساھەلەردىكى كۆپ مىللەتتىن بولغان 30 نەپەرگە يېقىن مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە رەھبەرنى يەنە بىر قېتىم يىغىپ، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى ئوقۇپ تەكشۈردۇق. ئىچكى موڭغۇل داشۆسىنىڭ پروفېسسورى لىن گەن قاتارلىق مەملىكەت بويىچە تارىخشۇناسلىق ۋە مىللەتشۇناسلىق ساھەسىدىكى بىر قانچە ئاتاقلىق مۇتەخەسسىسمۇ ئۆز ئورۇنلىرىدا ئوقۇپ تەكشۈرۈشكە قاتناشتى. ئوقۇپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى ئوقۇپ تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلات ۋە ئوقۇپ تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر يوللاندى. بۇ مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۆتكەن يىل 5 - ئايدا ۋە 12 - ئايدا ئىككى قېتىم دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىپ، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسىنى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئوقۇپ تەكشۈرۈش پىكىرىنى مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىكى ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ھەممىسى مۇھىم يوليورۇق بەردى. مۇشۇنداق بىر قاتار تەييارلىق خىزمەتلىرى ئاساسىدا، يېقىندا «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ

جۇڭگو خاقانلىرى ئىكەنلىكىنى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. ئەمما ئاپتور «تابغاچ» جۇڭگونى كۆرسەتمەيدۇ، دەپ دەۋا قىلغان. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى — گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى گەنسۇدا قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەت (يەنى ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى تىلغا ئالغان ئاتالمىش «كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقى») ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئادەتتىكى ئاساسەن، يېڭى خاقان تەختكە چىققاندا بۇ ئىشنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىققا مەلۇم قىلىپ، مەرتىۋە بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان، ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى بۇ تارىخىي پاكىتنىمۇ بۇرمىلاپ، «ئەمەلىيەتتە، كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ جۇڭگودىكى بەگلىكلەر بىلەن ھېچقانداق بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى»، «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېڭىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ھېسابلايدىغان ئەنئەنە ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق ھېچقانداق ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىغان ئۇنۋانلارنى كەڭسۇ ئۇيغۇر خاقانلىرىغا تەقدىم قىلىشىغا سەۋەب بولغان» دېگەن.

بۇمۇ كۇپايە قىلمىغاندەك، ئاپتور ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسى، ئاق ھون ئىمپېرىيىسى، ساسانىيلار خاندانلىقى، ئۇلۇغ سالجۇق سۇلتانلىقى، خارازم شاھلار دۆلىتى قاتارلىق قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان ئاتالمىش «دۆلەت» لەرنىمۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ئۇيغۇرلار تارىختا 11 «ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك، باي، مەدەنىيەتلىك دۆلەت» قۇرغان دېگەن خۇلاسىنى توقۇپ چىققان ھەمدە مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىن مۇستەقىل ھالدا ياشاپ كەلگەن دېگەن ئەپسانىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان.

بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ئاپتور «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا «جۇڭگونىڭ تېررىتورىيىسى شىمالدا سەددىچىن سېپىلى، غەربتە خۇاڭخې دەرياسى بىلەنلا چەكلەنگەن» دېگەن سۆزنى كۆپ قېتىم تەكرارلىغان. ئاپتورنىڭ يېزىشىچە، جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە خەنزۇلار قۇرغان خاندانلىقلاردىنلا ئىبارەت ئىمىش، ئۇيغۇرلارلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەزاسى بولماي قالماستىن، بەلكى ھونلار، ئۇيسۇنلار، ئۇلۇغ ياۋچىلار، سيانپىلار، جۇرجانلار، تۈركلەر قاتارلىق مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى مىللەتلەرمۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەزاسى ئەمەسمىش، ئۇلار ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلار ھەم ئۇلار قۇرغان

مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىدىن كۆز يۇمغان ياكى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغان، جۇڭگو تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قەستەن بۇرمىلاپ، ئۇنى ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە ئۇرۇش تارىخىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان، بولۇپمۇ خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بۇرمىلىغان. ئاپتورنىڭ يېزىشىچە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار قۇرغان ھاكىمىيەتلەر بىلەن قەدىمكى زاماندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش بولغاندىن تاشقىرى، تىنچلىق مەزگىلىدىمۇ باشتىن - ئاخىر دۈشمەنلىك بىلەن تولغان قارىمۇ قارشىلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولغانىمىش. چۈنكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار ھاكىمىيىتى «ئۆزلىرىنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئەتراپىدا ئۆزىدىن بىر ئاز كۈچلۈك دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويماسلىقى، ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشى كېرەك» ئىمىش. شۇڭا ئاپتور خەن سۇلالىسىنىڭ مەلىكە ۋاڭ جاۋ جۈننى ھون تەڭرىقۇتىغا ياتلىق قىلغانلىقى «ھونلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى يېرىم دوستانە مۇناسىۋەت ھېسابلىنىدۇ» دەپ قارىغان. ئاپتور تۈركلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ ئىككى قوشنا تىنچلىق دەۋرىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ‹دوستلۇق› تا ئەزەلدىن سەممىيەتلىك يوق ئىدى» دېگەن. ئاپتور يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى قارىماققا دوستانە، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشى بەك تەس ئىدى.»

تېخىمۇ چۈشىنىكسىز يېرى شۇكى، ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى تارىخىي پاكىتلارنى قەستەن بۇرمىلاپ، قاتتىق باش قاتۇرۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەتلەر ۋە خەنزۇلار ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالغان ۋە ۋاپاسىزلىق قىلغان دېگەن نېمىنى توقۇپ چىققان. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بەن چاۋ غەربىي رايوندا 30 نەچچە يىل پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە غەربىي رايوننىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن ئاكتىپ ئىشلەپ، زور تۆھپە قوشقان، شۇنداقلا يەرلىك خەلقنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. لېكىن ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى: «بەن چاۋ تارىم رايونىدىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئىككى ئوتتۇرىدا ئاداۋەت پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز ئارا ئۇرۇشقا سېلىپ، كۆپ قېتىم قانلىق ۋەقەلەرنى چىقارغان» دېگەن. ئاپتور يەنە شەرقىي ھونلار بىلەن غەربىي ھونلار، ئاتالمىش

دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە، ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. سىنىپىي تەھلىل ماركسىزملىق تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزىرى، شۇنداقلا تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىشتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىلمىي ئۇسۇل. ماركسىزملىق سىنىپىي كۈرەش نەزەرىيىسىدە، سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرغاندىلا، مۇرەككەپ، چىگىش تارىخىي ھادىسىلەردىن تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، تارىخقا ئىلمىي يوسۇندا جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ. ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى بۇنداق قىلمىغان. ئاپتورنىڭ مەيدانى خاتا، كۆز قارىشى ناتوغرا بولغاچقا، كۆپ مىللەتلىك ئېلىمىزنىڭ تارىخىدىكى بىر مۇنچە چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىشتە ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن، ئاق - قارىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن.

ئالايلۇق، ئېلىمىز تارىخىدا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش تارىختىكى ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى توغرا تونۇش - تونۇيالماسلىققا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. تارىختا، سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، بارلىق ھۆكۈمران سىنىپلار، پومېشچىكلار سىنىپىمۇ، كۆچمەن چارۋىچى ئاق سۆڭەكلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ، سىرتقا ئۈزلۈكسىز كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، باشقا مىللەت ۋە رايونلارنى قوشۇۋالغان، بويسۇندۇرغان، تالان - تاراج قىلغان، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ مەنبەسى ئەنە شۇ. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش قارىماققا باشقا - باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە، باشقا - باشقا مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ - قارشىلىق، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ھەمىشە ئەمەلىيەتتە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئېلىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشى جەريانىدا، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىنى تولۇقلاش، بىر - بىرىگە تايىنىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت ئىدى، بۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتى ئوبيېكتىپ جەھەتتە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى نورمال ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇشنى، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەرنى تالان - تاراج قىلىشى، پاراكەندىچىلىك سېلىشىغا خاتىمە بېرىشنى، شۇ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىناقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭلاشقا، تالان - تاراج قىلىش ۋە بۆلۈنۈش، تەپرىقىچىلىق ھالىتىنى ساقلاشنى مەقسەت قىلغان ئۇرۇشلار تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدىكى ئادالەتسىز ئۇرۇشلار ئىدى؛ چېگرىنىڭ خاتىرجەملىكىنى ساقلاش، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئۇرۇشلار ئادالەتلىك

مۇھاكىمە قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىكى ئاساسلىق رەھبەرلىك يولداشلارنىڭ ھەممىسى مۇھىم يوليورۇق بەردى. مۇشۇنداق بىر قاتار تەييارلىق خىزمەتلىرى ئاساسىدا، يېقىندا «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى ھەققىدىكى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۈچ كىتاب مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئىنتايىن جىددىي، ئىنتايىن ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتتى، بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئىنتايىن پۇختا بولدى، شۇڭا ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى، ئالىملىرى، زىيالىيلىرى ۋە كادىرلار، ئاممىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى.

تۆۋەندە ئۈچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكرىمنى بايان قىلىمەن.

1. «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابتىكى ئاساسىي خاتالىقلار

ئۈچ كىتابتا خاتالىق ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭدا ئىلىم - پەن ئىدىيىسى جەھەتتىكى خاتالىقلارمۇ، نەزەرىيىۋى قاراش جەھەتتىكى خاتالىقلارمۇ بار، تەتقىقات ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئىدېئالىزملىق تارىخ قارىشى خاتالىقىمۇ بار. ئەمما، سىياسىي جەھەتتىن ئويلىغاندا، ئۈچ كىتابتىكى خاتالىقلار ئاساسەن مۇنداق ئۈچ مەسىلىدە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئاپتور جۇڭگونىڭ قەدىمدىن تارتىپ بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتنى ئىنكار قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى ۋە قەدىمكى دەۋردە مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنى ھەم ئۇلار قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى تەپ تارتماستىن جۇڭگو-نىڭ سىرتىدىكى «مۇستەقىل دۆلەت» قىلىپ كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسى، ئۇنىڭ تارىخى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز تارىخىنىڭ بىر قىسمى. ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرغان ھەمدە خەنزۇلارنىڭ ئىلغار فېئوداللىق ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىمۇ خەنزۇلارغا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان تارىخىي پاكىتلاردۇر.

لېكىن ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى تارىختىكى زور پاكىتلارغا كۆز يۇمۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى تەپ تارتماستىن «مۇستەقىللىق تارىخى» قىلىپ يازغان.

مەسىلەن، قەدىمكى زاماندا موڭغۇل چۆللۈكىنىڭ شىمالىدا قۇرۇلغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 15 خاقانىدىن 11 نەپەرى تاڭ سۇلالىسى مەرتىۋە بەرگەن، بۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي خاندانلىققا تەۋە بولغانلىقىنىڭ پولاتتەك پاكىتى. ئاپتور بۇ ھەقتە زادى توختالمىغان، بۇنىڭ ئەكسىچە، قانداقتۇر «ئىنتايىن قۇدرەتلىك، مۇستەقىل ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقى ئۆز ۋاقتىدا ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەتلەر — تاڭ سۇلالىسى ۋە تۈبۈتلار بىلەن باپباراۋەر ئورۇندا تۇراتتى» دېگەن. قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى خاقانلار ئۆزلىرىنى «تابغاچ خان» دەپ ئاتاشقان، بۇ ئەسلىدە ئۇلارنىڭ

جۇرجانلار، تۈركلەر قاتارلىق مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى مىللەتلەرمۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەزاسى ئەمەسمىش، ئۇلار ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلار ھەم ئۇلار قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەرمۇ جۇڭگوغا تەۋە بولماستىن، بەلكى جۇڭگو بىلەن پاراللېل تۇرغان «مۇستەقىل» دۆلەتلەرمىش، بۇ تارىخنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە بۇرمىلىغانلىق.

ئىككىنچى، ئاپتور ئېلىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي ئېقىمنى نەزەرگە ئالماي، تارىختا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان ئاداۋەت، قىرغىنچىلىق ۋە يۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت تارماق ئېقىمنى كۈچىنىڭ بارىچە مۇبالىغە قىلىپ، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىنى ئۇرۇش تارىخى قىلىپ بۇرمىلىغان.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى - ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي دەۋر داۋامىدا ئۆز ئارا ئىناق ئۆتۈش، ئۆز ئارا ئالاقە قىلىش، بىرلىكتە تەرەققىي قىلىش جەريانى، بۇ ئېلىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى. بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى شۇكى، ھەر قايسى مىللەتلەر بارغانسېرى ئۆز ئارا يېقىنلىشىپ بىر - بىرىنىڭ نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئارا يار - يۆلەك بولۇپ، كۆپ مىللەتلىك، بىرلىككە كەلگەن ئۇلۇغ دۆلىتىمىزنى بىرلىكتە بەرپا قىلغان. ئەلۋەتتە، بۇ تارىخىي جەرياندا مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جە-ھەتتىكى ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇشتا ئىپادىلەنگەن مۇناسىۋىتى كۆپ چاغلاردا ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلغان بولماستىن، بەلكى مىللىي زىددىيەت ۋە مىللىي توقۇنۇشمۇ بولۇپ تۇرغان، بەزىدە ھەتتا ئۆز ئارا ئۇرۇش شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەن. لېكىن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغان ۋاقىت بىلەن مىللەتلەر ئۆز ئارا ئىناق ئۆتكەن ۋاقىتنى سېلىشتۇرساق، ئىناق ئۆتكەن ۋاقىت ئۇرۇش بولغان ۋاقىتتىن كۆپ ئۇزاق. شۇڭا، شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، ئېلىمىز تارىخىدا ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئالاقە، ئالغا ئىلگىرىلەش مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلگەن. تارىخنى يېزىشتا ئېلىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇشۇ ماھىيەتلىك تەرىپىنى ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا يورۇتۇپ بېرىپ، ھازىرقى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق ئىش قىلىش كېرەك، بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرۈشكە بولمايدۇ. بۇ تارىخچىلارنىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيىتى.

لېكىن، ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى خاتا مەيداندا تۇرۇپ، تارىختىكى ئولتۇراقلاشقان، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەر بىلەن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشنىڭ رولىنى ھەددىن مۇبالىغە قىلغان، تارىختا ئولتۇراقلاشقان خەنزۇ خەلقى بىلەن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە زىچ ئالاقە

پايدىلىنىپ، ئىككى ئوتتۇرىدا ئاداۋەت پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز ئارا ئۇرۇشقا سېلىپ، كۆپ قېتىم قانلىق ۋەقەلەرنى چىقارغان» دېگەن. ئاپتور يەنە شەرقىي ھونلار بىلەن غەربىي ھونلار، ئاتالمىش «تۇران» لار ۋە سىيانپىلار بىلەن ھونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار «خەن سۇلالىسىنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشى تۈپەيـ-لىدىن بولغان» دېگەن. ئاپتور يەنە: «گەرچە شەرقىي ھونلار ئۆزىنىڭ قان - قېرىندىشى غەربىي ھونلارنى تارمار قىلىشتا خەن سۇلالىسى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن خىزمەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ»، لېكىن كېيىن ئۇلار «ساۋساۋ تەرىپىدىن يوقىتىلدى» دېگەن. تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەت كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقى ۋە تاڭ سۇلالىسىگە ماسلىشىپ تۈركلەرگە قارشى تۇرغانلىقى، ئاخىر ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغانلىقى ئېنىق تۇرسىمۇ، ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى «تۈركلەرنىڭ دۈشمىنى» يەنى تاڭ سۇلالىسى «ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى تۈركلەرگە قارشى قويدى» دەپ بىلجىرلىغان. ئۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە توختالغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى تارىخىي پاكىتقا ئاساسەن سۆزلىمەستىن، بەلكى قۇتراتقۇلۇق قىلىپ: «تاڭ سۇلالىسىدە سەممىيەتلىك يوق، ئۇنىڭ باشقىچە سۇيىقەستى بار»، ئۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشكە ئۇنىمىغان، ئۆز ۋاقتىدا تاڭ سۇلالىسىگە ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بەرگەن ئۇيغۇرلارغا «ۋاپاسىزلىق قىلدى» دېگەن. ئۇ يەنە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار «شۇ جايدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرىكىپ كەتتى»، جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ «تەقدىرى ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولدى: ئۇلار ئىشەنگەن قوشنىسى ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى» دېگەن. قىسقىسى، ئاپتور «ياۋايى يات مىللەتلەر ئارقىلىق ياۋايى يات مىللەتلەرنى يوقىتىش» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ ھاكىمىيىتىنىڭ «ئەنئەنىۋى تاشقى سىياسەت پرىنسىپى ئىدى» دېگەن تۈپ قاراشتا بولغان. بۇنى قانداقمۇ تارىخ يېزىش دېگىلى بولسۇن؟ بۇ قەدىمكىدىن پايدىلىنىپ بۈگۈنكىنى مەسخىرە قىلىش، قەستەن قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش، مىللەتلەر ئارىسىغا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۈچىنچى، ئاپتور ئېلىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسىگە مۇئامىلە قىلىشتا ماركسىزمچە سىنىپىي تەھلىل يۈرگۈزمىگەن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى بەزى تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرنى كۆزىتىش ۋە ئۇلارغا باھا بېرىشتە پۈتۈنلەي بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى مەيدانىدا تۇرغان.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ «نەشرىياتتىن» دېگەن قىسمىدا ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى «تارىخقا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش بويىچە ئىلىم تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلغان»

تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدىكى ئادالەتسىز ئۇرۇشلار ئېلىنى(؟) چېگرىنىڭ خاتىرجەملىكىنى ساقلاش، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئۇرۇشلار ئادالەتلىك تەرەققىيپەرۋەر ئۇرۇشلار ئىدى. قىسقىسى، تارىختىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارنى ماركسىزملىق مەيداندا تۇرۇپ كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك. لېكىن ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنداق قىلمىغان. ئاپتور ئېلىمىز تارىخىدىكى ھون، تۈرك قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشلارنى ئېلىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانى دائىرىسىدە تەھلىل قىلماي، ئوخشاش بولمىغان ھۆكۈمران سىنىپلار گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى، ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىي پايدا-زىيان مۇناسىۋىتىنىمۇ تەھلىل قىلماي، بەلكى كىشىلەرگە ئەنە ئۇ مۇئەللىپلارنى ئۇقتۇرماقچى بولغان: ھون، تۈرك قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى، شۇڭا ئۇلار قىلغان ئۇرۇشلار، جۈملىدىن تالان - تاراج خاراكتېرىدىكى ئۇرۇشلار، بۈيۈك بىرلىكنى بۇزىدىغان ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى تەرەققىيپەرۋەر، ئادالەتلىك ئۇرۇشلار؛ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلار خەنزۇلارنىڭ خاندانلىقى، ئۇلار قىلغان ئۇرۇشلار، جۈملىدىن تالان - تاراج قىلىشقا قارشى تۇرغان ئۇرۇشلار، بۈيۈك بىرلىككە پايدىلىق ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى «تاجاۋۇز قىلىش»، «ئادالەتسىز» ئۇرۇشلار. ئاپتور مۇشۇنداق مەيدانى ئاساسىدا، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابىدا دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ياقلىغان ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئىناق ئۆتۈشىنى تەشەببۇس قىلغان تارىخىي شەخسلەرنى «خائىنلار» دەپ قارىلىغان، دۆلەتنىڭ بىرلىككە قارشى تۇرغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلارغا قارشى تۇرغان كىشىلەرنى «شىر يۈرەك قەھرىمانلار» دېگەن، يەنە كېلىپ «خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ۋە كۈرەش قىلىۋاتقان كىشىلەر»گە «شىر يۈرەك قەھرىمانلار»غا ئوخشاش، ئاتالمىش خەلقنىڭ «ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىكى» ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئاپتور بىرىنى ماختاپ، بىرىنى چۈشۈرگەن، بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ سىياسىي مەيدانى، سىياسىي پوزىتسىيىسىنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولمامدۇ؟

قىسقىسى، ئۈچ كىتابتىكى خاتالىق ئېغىر. ئۈچ كىتاب ئىلمىي ئەسەر قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىللىي «مۇستەقىللىك»نى يادرو قىلغان، ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بىر قاتار ئىدىيە، قاراشلارنى تەپتارتماستىن تەرغىب قىلغان ۋە تارقاتقان، ئۇ ناھايىتى زور ئالدامچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە. ئۈچ كىتاب ئاپتورىنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسى، نەزەرىيىۋى قارىشى ۋە سىياسىي مەيدانى پانتۈركىست مۇھەممەت ئىمىنىڭكى بىلەن تامامەن بىردەك. شۇڭا ئېيتىمىزكى، ئۈچ كىتاب ئاپتورىنىڭ خاتالىقى ئىلىم - پەن قارىشى جەھەتتىكى خاتالىق

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

(بېشى 2 - بەتتە)

بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي مەيدان، سىياسىي ئۇقتىشنەزەر جەھەتتىكى خاتالىق. بۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلىنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەن. بىز ئەزەلدىن شۇنداق دەپ قاراپ كەلدۇقكى، ئۇيغۇرلار دۆلىتىمىزدىن ئىبارەت كۆپ مىللەتلىك ئائىلىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسى، ئۇلار پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، ئۇلار جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى يارىتىش، ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنىنى ئېچىش، بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان؛ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى جۇڭگو تارىخىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى بولغان شىنجاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم تەربىي. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى ياخشى ئېلىپ بېرىش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىجتىمائىي پەن، مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى. ھازىر بەزىلەر ئۈچ كىتاب مەسىلىسى ئىلىم - پەندىكى ئوخشاش بولمىغان قاراش مەسىلىسى، دەپ ھېسابلىماقتا. بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. بىر مۇنچە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سۆزلىرى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى ھەرگىزمۇ «ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق» بىلەن، «تارىخقا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئۇقتىشنەزەر بويىچە ئىلىم تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلىپ»، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىنىڭ «ھەقىقىي قىياپىتى»نى يېزىپ چىققان بولماستىن، بەلكى تارىخنى بۇرمىلاپ ۋە ئويدۇرۇپ چىقىپ، مۇھەممەت ئىمىننىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نى كۆچۈرۈۋېلىپ، مەلۇم سىياسىي ئۇقتىشنەزەرنى مەقسەتلىك تەشۋىق قىلغان. مۇشۇنداق ئاتالمىش تارىخىي ئەسەرنى مۇھاكىمە قىلماي ۋە بايرىقىمىز روشەن ھالدا تەنقىد قىلماي، ئۇنىڭدىكى خاتالىقلارنىڭ تارقىلىشىغا يول قويىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولىمىز. «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى تەنقىد قىلىپ، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىغا ھەقىقىي ھۆرمەت قىلغانلىق ۋە ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك بولىدۇ.

2. «ئۈچ كىتاب»تىن ئۆيلىغانلىرىمىز

«ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب 1986 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىككى نەشرىيات تەرىپىدىن ئىلگىرى - كېيىن نەشر قىلىپ تارقىتىلدى، ئۇنىڭدىكى خاتا ئۇقتىشنەزەرنىڭ زەھەرلىرى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىلىپ، يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي ساۋاق مۇنداق ئۈچ مەسىلىدە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئۈچ كىتاب يېقىنقى بىر ئەسىردىن بۇيان پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدا تارقالغانلىقى ۋە شىنجاڭغا تەسىر

«شەرقىي تۈركىستان تارىخى» شىنجاڭدا پانتۈركىزمنى تەرغىپ قىلغان ۋە ئۇنى شىنجاڭغا ئېلىپ كىرگەن ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئەسەر، ئۇنىڭدا ئەكسىيەتچىل سىياسىي قاراش، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى مۇجەسسەملەنگەن. ئۇنىڭدا ئاتالمىش «تۈرك مىللىتى»نىڭ تارىخىي ئورنى ھەدەپ كۆككە كۆتۈرۈلگەن، ئاتالمىش «تۈرك دۆلىتى»نىڭ چېگرا دائىرىسى خالىغانچە مۇبالىغە قىلىنغان، ئاتالمىش «ئورتاق تۈرك مەدەنىيىتى» ھەدەپ تەرغىپ قىلىنغان، پانتۈركىزم تەلۋىلىكى قوزغىتىلغان. ئۇ جاھانگىرلار روشەن تاجاۋۇزچىلىق مۇددىئاسى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئۇقۇمنى شىنجاڭغا زورلاپ تېڭىپ، شىنجاڭ «دۇنيادا ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ مەشھۇر، مەدەنىيىتى ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان» «مۇستەقىل دۆلەت» دەپ تەرغىپ قىلغان؛ شىنجاڭنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان؛ «شەرقىي تۈركىستان»نىڭ «دۆلەت قارىشى، مىللەت ئېڭى، دىن قارىشى»نى «كۈچەيتىش»نى تەرغىپ قىلغان؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى «كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ»، «ئىرىشىپ كۈرەش قىلىش»قا، «جۇڭگونىڭ ئىسكەنجىسىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇش»قا قۇتراتقان؛ ئۇ شىنجاڭ تارىخىدا ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى زەھەرخەندىلىك بىلەن بۇرمىلىغان، خەنزۇلار بىلەن ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە ئالاقىنى، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ تىنچلىق، بىرلىككە كېلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي ئېقىمىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغان، بۇ مۇناسىۋەتنى «تاجاۋۇز قىلىش» بىلەن «تاجاۋۇز قىلىنىش» مۇناسىۋىتى قىلىپ كۆرسەتكەن، خەنزۇلارنى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دۈشمىنى دەپ قارىغان، ۋەھاكازا. ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل ئۇقتىشنەزەرلىرى يىغىنچاقلىغاندا، «مىللىتىمىز تۈرك، يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستان» دېگەن شوئاردىن ئىبارەت، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن «مۇستەقىل دۆلەت» قۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. ئارىدا نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەر تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىپ، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»دىكى بىر قاتار ئەكسىيەتچىل ئۇقتىشنەزەرلەرنى داۋاملىق تەرغىپ قىلماقتا؛ شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرمۇ بۇ كىتابنى گۆھەردەك ئەتىۋارلاپ، ئۇنى «بۈيۈك ئىلمىي تارىخىي ئەسەر» دەپ ماختىماقتا ھەمدە ئۇنى مەخپىي بېسىپ تارقىتىپ، خېلى چوڭ ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىز ھازىر تەنقىد قىلىۋاتقان «ئۈچ كىتاب»تا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېكىدەك ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، ھەتتا ئۆزىنى ماركسىزمنىڭ بەزى سۆز - ئىبارىلىرى

مەزگىللەردە كۆرەشنىڭ شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن بارلىق بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى ئۆزىگە مەنىۋى تۈۋرۈك قىلىشتىن، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشنى نىشان قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ كەلدى، شۇنداق قىلىپ، كۆرەشنىڭ تۈگۈنى ھامان ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ياكى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت توپ مەسىلىگە مەركەزلەشتى. بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، خەلقئارادىكى چوڭ كېلىمات بىلەن مەملىكەت ئىچىدىكى كىچىك كېلىماتنىڭ تەسىرىدە، چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللەت، دىن مەسىلىلىرىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆز ئارا ماسلىشىپ، قۇتراپ كەتتى. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، ئۈچ كىتاب ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىندى، ئاپتور تارىخنى بۇرمىلاش، ئۆزگەرتىش ۋە ساختا تارىخ ياساش ئارقىلىق، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بىر قاتار خاتا ئۇقتىشنەزەرلەرنى تارقىتىپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنىڭ سىياسىي ئېھتىياجىغا ماسلاشتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ئوچۇق خىلاپلىق قىلدى.

ئۈچ كىتاب مەسىلىسى بىزنى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، بازىلارنى پرولېتارىيات ئىدىيىسى ئارقىلىق قەتئىي ئىگىلەشكە ئاگاھلاندۇردى. ئۇۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ ئەھۋالى ئومۇمەن ئالغاندا ياخشى، لېكىن سىياسىي - ئىدىيە، مىللەت، دىن، تارىخ، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى تېخى ئۈزۈل - كېسىل تازىلانمايلا قالماستىن، بەلكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە بۇرژۇئاچە مىللەت قارىشى، تارىخ قارىشى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىمۇ تېخى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئەگەر بۇ ۋەزىيەت ھەققىدىكى تونۇشىمىز يېتەرلىك بولمىسا، پرولېتارىيات ئىدىيىسى ئارقىلىق بازىلارنى بىر - بىرلەپ ئىگىلەشتە چىڭ تۇرمىساق، ئۇ ھالدا، ئىنتايىن چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇشىمىز، ھەتتا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىمىز مۇمكىن. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، بولۇپمۇ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئاساسىي رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى قەتئىي بوشاشماستىن، چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئوخشاش بولمىغان قاتلاملارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىنى دائىم ئىگىلەپ ۋە تەھلىل قىلىپ تۇرۇش، ئومۇمىيلىققا ئالاقىدار بولغان مۇھىم مەسىلىلەرنى تۇتۇش، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئۈزۈل - كېسىل ئېنىقلاش، بىر - بىرلەپ پۇختا ھەل قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ھەممە بازىلارنى پارتىيىنىڭ مەھكەم ئىگىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئورۇنلاشتۇرۇشقاناسەن، ئۇۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇپ ئىشلىشىمىز كېرەك:

بىرىنچى، ئۈچ كىتابتىن ئىبارەت قالتىس سەلبىي دەرسلىكتىن تولۇق پايدىلىنىپ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە ۋە كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا، ياش ئوقۇغۇچىلارغا پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا بىر قېتىم چوڭقۇر ئىجابىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. كىچىك تىپتىكى سۆھبەت يىغىنى، تارىخ مەسىلىلىرى ھەققىدىكى مۇھاكىمە يىغىنى، دوكلات يىغىنى قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، ئىجابىي تەربىيىنى ئاساس قىلىپ، پاكىت قويۇپ، داۋلى سۆزلەپ، داۋلى ئارقىلىق كىشىنى قايىل قىلىپ، ئۈچ كىتابتىكى ئېغىر خاتالىقلارنى كەسكىن كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدىكى يامان تەسىرلىرىنى پەيدىنپەي تازىلاش كېرەك. تەربىيە پائالىيىتىنى بۇ يىل 5 - ئايدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش ۋە دائىملىق تەشۋىقات خىزمىتىگە ھەم كادىرلارغا، ئاممىغا ئېلىپ بېرىلىدىغان سىياسىي تەربىيىگە سىڭدۈرۈش كېرەك. تەربىيە ئارقىلىق بەزى كىشىلەر شىنجاڭ تارىخى مەسىلىسى جەھەتتە ئۇزۇندىن بۇيان ھەل قىلالماي كېلىۋاتقان ئىدىيە، نەزەرىيە مەسىلىلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەل قىلىپ، توغرا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە تارىخ قارىشىنى تىكلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەربىيىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچى، شىنجاڭ تارىخى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقات ھەم تەشۋىقاتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى شىنجاڭ تارىخى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىنى توغرا چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. بۇ «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب تارقاتقان خاتا كۆز قاراشلارنى تۈپ ئاساسىدىن تۈگىتىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە تارىخ قارىشىنى پۇختا تىكلەشتىكى كەم بولسا بولمايدىغان خىزمەت. ئالاقىدار تارماقلار ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، بۇنى ئۇزاق مۇددەتنى كۆزدە تۇتۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم. بىر تەرەپتىن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىغا ئالاقىدار مەسىلەر بولغان زور نەزەرىيىۋى مەسىلەلەر، مەسىلەن، مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى مەسىلىسى، جۇڭگو ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرى ھەققىدىكى ئۇقۇم ھەم ئۇنىڭ مەنىسى مەسىلىسى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەم مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇش مەسىلىسى، تارىختىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك

بىرىنچى، ئۈچ كىتاب يېقىنقى بىر ئەسىردىن بۇيان پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدا تارقالغانلىقى ۋە شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، بۆلگۈنچىلىكنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئەسىرى بولغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى كۆچۈرۈلمىسى. ئۇنىڭ چوڭقۇر خەلقئارا ۋە ئىچكى ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چوڭقۇر تارىخىي مەنبەسى ۋە ئىدىيىۋى مەنبەسى بار. شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىمى پانتۈر - كىزمنى ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى ئاساسى قىلغان. بۇنى ئېنىق تونۇغان ۋە ئۈچ كىتابنى تەنقىد قىلىشنى پانتۈركىزمنى ھەم ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئەسىرى بولغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نى تەنقىد قىلىش ھەم ئۇنىڭ تەسىرلىرىنى تازىلاش بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا، ئەجەللىك يېرىگە تەككۈزۈپ، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئەكسىيەتچىل ئىدىيىۋى ماھىيىتىنى تونۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى تەربىيىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

پانتۈركىزم 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركىيىدە باش كۆتۈرگەن ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى بولۇپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان فېئودال يومبىچىكلار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى سىنىپىي زىددىيەتنى يوققا چىقىرىش، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق مىللەتلەر ۋە تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنى بۈيۈك تۈرك ئىمپېرىيىسى قىلىپ تەشكىللەشنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى جاھانگىرلارنىڭ مەملىكىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ شىنجاڭغا تارقالغان. جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن، مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە شىنجاڭ جاھانگىرلار تالىشىدىغان مۇھىم بىر جاي بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ، پانتۈركىزمنى ئەكسىيەتچىل ئىدىيىۋى قورال قىلىپ، شىنجاڭنى پارچىلاش ھەرىكىتى بىلەن تەلۋىلەرچە شۇغۇللانغان. مۇھەممەت ئىمىن پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلغان ۋە ئاكتىپ يولغا قويغان بىر كاتتىباش. ئۇ 1933 - يىلى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، قاراقاش ناھىيىسىدە توپىلاڭ قوزغاپ، خوتەننى ئىگىلەپ، ئۆزىنى «خوتەن ۋاڭى» دەپ ئاتىغان، كېيىن سابىت داموللا بىلەن بىللە، قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» «مەڭگۈ مۇستەقىل دۆلەت، ئۇ «تۈرك مىللىتىدىن باشقا بارلىق مىللەتلەرگە قارشى تۇرىدۇ» دەپ جاكارلىغان. ئەمما ئۆمرى قىسقا بولغان بۇ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەت پەقەت ئۈچ ئاي مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، ئۈزۈل - كېسىل گۇمران بولغان، مۇھەممەت ئىمىن چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن، 1940 - يىلى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن ئەكسىيەتچىل ئەسەرنى نەشر قىلدۇرغان.

«شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دىكىدەك ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، ھەتتا ئۆزىنى ماركسىزمنىڭ بەزى سۆز - ئىبارىلىرى بىلەن پەردىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي سىياسىي مەيدانى، نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» بىلەن تومۇرداش، ئۇ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نىڭ يېڭى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتتىكى كۆچۈرۈلمىسى، شۇڭا ئۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق. بۇلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» سىياسىي، ئىدىيە جەھەتتە ئەكسىيەتچىل، ئۇ ئاز دېگەندە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ كىتاب، ئەمەلىيەتتە، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتىكى قىبلىنامىسى بولۇپ قالدى. بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ ۋەقەسى بۇنى گەۋدىلىك ئىسپاتلىدى.

تارىخىي تەجرىبىلەر بىزنى تەربىيىلىدى، ئەكسىيەتچىل نەرسىلەر تەنقىد، كۆرەشسىز تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ، ئۇ ھاۋانى زەھەرلەيدۇ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرىتىدۇ. ھازىر «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نى ئۈزۈل - كېسىل تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭ زەھەرلىرىنى تازىلايدىغان پەيت كەلدى، ئۈچ كىتاب توغرىسىدىكى تەنقىدنى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» توغرىسىدىكى تەنقىد بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا، ئۈچ كىتابتىكى خاتالىقنىڭ ئېغىرلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى، تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى مەنىۋى تۈۋرۈكىنى تۈپ ئاساسىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، كادىرلار ۋە ئاممىنى تەربىيىلەپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئۈچ كىتاب مەسىلىسى شىنجاڭنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ جىددىيلىكىنىمۇ ئەكس ئەتتۈردى، ئۇ شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى گەۋدىلىك ئىپادىسى. ئۇ بىزگە شۇنى يەنە بىر قېتىم ئۇقتۇردىكى، سوتسىيالىزم شارائىتىدا، سىنىپىي كۈرەش يەنىلا مۇئەييەن دائىرىدە ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بەزىدە ھەتتا ناھايىتى كەسكىن بولىدۇ. كۈرەشتىكى مەركىزىي مەسىلە ھاكىمىيەت مەسىلىسى. ئىنقىلابىي سىنىپلارمۇ، ئەكسىلئىنقىلابىي سىنىپلارمۇ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ھامان ئالدى بىلەن جامائەت پىكرى تەييارلايدۇ، كۈرەش ھامان ئالدى بىلەن ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئەكس ئېتىدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. دەرۋەقە، بۇ خىل كۈرەشنى مۇبالىغە قىلىۋېتىش، سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىش خاتا، لېكىن، بۇ خىل كۈرەشكە سەل قاراش ۋە ئۇنى كۆرمەسلىكمۇ خاتا.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيانقى تارىخ بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ زادىلا توختاپ قالمىغانلىقىنى كۆرسەتتى. گەرچە ھەر قايسى تارىخىي ئېنىقلاش، بىر - بىرلەپ پۇختا ھەل قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ھەممە بازىلارنى پارتىيىنىڭ مەھكەم ئىگىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئۈچ كىتاب مەسىلىسى بىزگە شۇنىمۇ ئۇقتۇردىكى، ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي سەزگۈرلۈكىنى ئۆستۈرۈش، سىياسىي پرىنسىپاللىقىنى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى قەتئىيلىكىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم. ئۈچ كىتابتىكى خاتالىقنى بەزى يولداشلار سەزدى، بەزى يولداشلار سېزەلمىدى، ئايرىم يولداشلار ھەتتا ئۇنى قارىغۇلارچە ماختىدى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلمىساق، ھازىر بۇ ئۈچ كىتاب نەشر قىلىنغان بولسا، كېيىن يەنە قانداقتۇر باشقا كىتابلار نەشر قىلىنىشى مۇمكىن. بۇ نەشرىيات تارماقلىرىنىڭلا مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئىدىيىۋى سەپتىكىلەر ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، بەزى يولداشلىرىمىزنىڭ ماركسىزم جەھەتتىكى ئاساسى پۇختا ئەمەس، ئۇلار ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى ھەقىقىي ئۆگىنىۋالمىغان، ماركسىزملىق سىياسىي قاراش، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى قاتارلىق ئاساسىي نەزەرىيىلەر ھەققىدە تېخى سىستېمىلىق ۋە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس. نەتىجىدە، نەزەرىيە جەھەتتىكى مۈجمەللىك سىياسىي جەھەتتىكى تەۋرىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بەزىلەر چوڭ ھەق - چوڭ ناھەقلىق ئالدىدا ئارىسالدى بولدى، بىر قارارغا كېلەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن بەزى خاتالىقى بار ئەسەرلەر، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئەسەرلەر ۋە باشقا ساغلام بولمىغان ئەسەرلەر توسالغۇسىز ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلقنى، بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلىدى. ئەھۋال بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، چوقۇم پارتىيە، سوتسىيالىزم ئىشلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئالدىدا يۈكسەك دەرىجىدە جاۋابكار بولىدىغان مەسئۇلىيەتچانلىق ھېسسىياتى بىلەن ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، دېڭ شياۋپىڭ ئەسەرلىرىنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنى يۈزە ئەمەس، بەلكى ئەستايىدىل، پارچە - پۇرات ئەمەس، بەلكى سىستېمىلىق، دوگما ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، سىياسىي سەزگۈرلۈكىمىزنى، سىياسىي پرىنسىپاللىقىمىزنى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى قەتئىيلىكىمىزنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشىمىز، ئىدىيىۋى سەپتىكى ھەر قايسى تارماقلارنىڭ خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلدا دۆلىتىمىز ئۈچۈن دەۋرگە مۇناسىپ تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

3. ئىشنى ئىجابىي تەربىيىدىن باشلاپ، ئۈچ كىتابنىڭ زەھەرلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تازىلاش كېرەك

«ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنىڭ ئېغىر خاتالىقىنى ۋە ئۇ جەمئىيەتتە پەيدا قىلغان، پەيدا قىلىشى مۇمكىن بولغان ئېغىر زىيانىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ

جۇڭگو ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرى ھەققىدىكى ئۇقۇم ھەم ئۇنىڭ مەنىسى مەسىلىسى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەم مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇش مەسىلىسى، تارىختىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خائىنلىق مەسىلىسى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئاساسىي ئېقىم بىلەن تارماق ئېقىم مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولۇش روھى بويىچە، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۈچ كىتابتا قالايمىقانلاشتۇ - رۇۋېتىلگەن نەزەرىيە جەھەتتىكى ھەق - ناھەقنى يېڭىباشتىن توغرىلاش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدا شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ۋە ئوقۇشلۇق خاراكتېرىدىكى كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ تارىخى ھەققىدىكى مەجمۇئەنىڭ تېمىلىرىنى تاللاش ۋە ئۇنى يېزىش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەت ئەللەردىن ئاپتونوم رايونىمىزغا ئېقىپ كىرگەن شىنجاڭ تارىخىغا، مىللەت ۋە دىن قاتارلىق ساھەلەرگە دائىر ئەسەرلەرنى كۆچ ئۇيۇشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چەت ئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا سىڭىپ كىرىشىنى قەتئىي توسۇشى لازىم.

ئۈچىنچى، ياشلار، ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە شىنجاڭ تارىخى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى توغرىسىدىكى ئاساسىي ساۋات تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئىشىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. ئېنىقلانغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، بۇ ئىش يۈكسەك دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى لازىم. تېزلىكتە كۈچ تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن شىنجاڭ تارىخىغا دائىر ئاساسىي ساۋاتقا ياتىدىغان يۇرت تارىخى دەرسلىكىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە ئۇنى ھەقىقىي تۈردە ئوقۇتۇش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، پەيدىنپەي يولغا قويۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى، كادىرلار مەكتەپلىرىمۇ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ جەھەتتىكى تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

قىسقىسى، ھەر جەھەتتىكى پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق، پۇختا خىزمەت ئارقىلىق، ھەم «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نى تەنقىد قىلىپ سېرىستىپ، ئۇنى كوچىدىن ئۆتكەندە ھەممە ئادەم ئۇر - ئۇر قىلىدىغان چاشقانغا ئايلاندۇرۇشىمىز، ھەم كۆپچىلىكنى «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنىڭ خاتالىقلىرى ھەققىدە ئېنىق تونۇشقا ئىگە قىلىپ، شۇ ئارقىلىق تونۇشنى ئۆستۈرۈش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى ئون يىلدىكى ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا بىرلىكتە تىرىشىش مەقسىتىگە يېتىشىمىز لازىم.

لى پېڭ ئەنخۇي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتناشقاندا مۇنداق دېدى:

جايلار 8 - بەش يىللىق پىلان ۋە ئون يىللىق پىلاننى تۈزگەندە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشى لازىم

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 29 - مارت تېلېگراممىسى. گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ بۈگۈن ئەنخۇي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتناشقاندا مۇنداق دېدى: تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئېلىمىزدە رايونلار ئارا ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا پەرق ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇڭا، ھەر قايسى رايونلار 8 - بەش يىللىق پىلان ۋە ئون يىللىق پىلاننى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈپ چىقىشى، ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىنى ھەر يىلى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

لى پېڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جايلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى، تەبىئىي مۇھىتى ۋە سالغان مەبلىغى ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ پەرقلىق بولۇشى نورمال ئەھۋال، رايونلار ئارا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى توغرا لېنىيىلىك سېلىشتۇرمىدىن پايدىلىنىشقىلا بولىدۇ، مۇھىمى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تەرەققىياتى بىلەن سېلىشتۇرۇش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، پەرقنىلا كۆرۈپ، تەرەققىياتنى كۆرمەسلىك تۈپەيلىدىن ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويۇش، قىيىنچىلىقتىن قورقۇش كەيپىياتى تۇغۇلىدۇ. جايلار ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىنى بەلگىلەشتىمۇ ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشى، ئۆزىنىڭ ھازىرقى شارائىتىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكى لازىم.

بەزى رايونلاردا كۆرۈلگەن ئاشلىق سېتىۋېلىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى توغرىسىدا لى پېڭ زۇڭلى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇ تەرەققىيات داۋامىدا كۆرۈلگەن قىيىنچىلىقنىڭ خاراكتېرىنى توغرا تەھلىل قىلىش لازىم. ھازىر ئېلىمىزدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق مىقدارى ناھايىتى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە نوپۇس ھەدەپ كۆپىيىۋاتىدۇ، ئاشلىق مەسىلىسى يەنىلا دۆلىتىمىزدە ئۇزاق مۇددەت پاراكەندە قىلىدىغان چوڭ مەسىلە، يېقىنقى بىر قانچە يىلدا ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى. بۇنىڭدىكى سەۋەب ھاۋا رايىنىڭ ياخشى بولغانلىقىدىن بولدى. ھازىر دۆلەت تەدبىر قوللىنىپ 25 مىليارد كىلوگرام زاپاس ئاشلىق ساقلىدى. ئەمما دۆلەتنىڭ زاپاس ئاشلىق ساقلاش ئىقتىدارى چەكلىك، شۇڭا جايلار تەدبىر قوللىنىپ، قانداق شەكىل بىلەن «ئاشلىقنى خەلق ئىچىدە ساقلاش»نى ئويلىنىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلەت ۋە جايلار ئاشلىق ساقلاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتۇشى لازىم.

ۋېي جيەنشىڭ مۇنداق دېدى:

رېۋىزىيە خىزمىتى تېخىمۇ كۈچەيتىلىشى كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 28 - مارت خەۋىرى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، رېۋىزىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋېي جيەنشىڭ بۈگۈن خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى زۇڭلىنىڭ دوكلاتىنى قاراپ چىققاندا سۆز قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملاردىن، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ھۆكۈمەتلەردىن رېۋىزىيە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە رېۋىزىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش، مەدەت بېرىشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلدى.

ۋېي جيەنشىڭ ۋەكىللەرگە ئۆتكەن يىلدىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: مەلۇماتقا قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە رېۋىزىيە سىستېمىسى 1990 - يىلى ئاممىدىن 816 مىڭ 884 پارچە (قېتىم) ئەرز خېتى ۋە پاش قىلىش - مەلۇم قىلىش تېلېفونى قوبۇل قىلغان. قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ مەسىلە يىپ ئۇچىدىن 222 مىڭ 583 نى تەكشۈرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارغا چېتىشلىق بولغىنى 97 مىڭ 563، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى باشقۇرغۇچى خادىملارغا چېتىشلىق 125 مىڭ 20 ئەنزە. تۇرغۇزۇلۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى 51 مىڭ 425، تەكشۈرۈپ ئاياقلاشتۇرغىنى 42 مىڭ 632؛ مەمۇرىي جازا بېرىلگەن 46 مىڭ 985 كىشىنىڭ ئىچىدە ناھىيە ۋە باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىر 1912. دۆلەت 344 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى.

ۋېي جيەنشىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاش خىزمىتى ئىنتايىن ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتە. قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىنى پاش قىلىش، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە بىر تەرەپ قىلىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى يەنىلا ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت. شۇڭا، قانۇن - ئىنتىزامغا ئېغىر ھالدا خىلاپلىق قىلغان بەزى كادىرلارنى ۋاقتىدا پاش قىلغىلى ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك جازا بەرگىلى بولماي ۋاتىدۇ. بۇ ھال بىزگە چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاش جەھەتتىكى مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلارنى ئېغىرراق مۆلچەرلەشكە بولىدىغانلىقى، ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى لى پېڭ زۇڭلىنىڭ دوكلاتىنى داۋاملىق قاراپ چىققاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش — ستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىشنىڭ ئەڭ توپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 29 - مارت تېلېگراممىسى. 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ۋەكىللەر لى پېڭ زۇڭلىنىڭ دوكلاتىنى گۇرۇپپىلار بويىچە قاراپ چىققاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ 2 - قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىشنىڭ ئەڭ توپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى.»

ۋەكىل، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى يې شۈەنپىڭ مۇنداق دېدى: لى پېڭ زۇڭلى دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش 80 - يىللاردا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىمىزدا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئىش بولدى. بۇ ئۆتكەن ئون يىلدىكى خىزمەتلەرنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆتقانلىق. خۇبېي ئۆلكىسىدىن دېھقان ۋەكىل چېن شىچياڭ مۇنداق دېدى: 80 - يىللاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا دېھقانلار ئارىسىدا ئۆزگىرىش ئەڭ چوڭ بولدى. ئۇلار ئەڭ كۆپ نەپ ئالدى. ۋەكىل، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى باۋ كېمىڭ مۇنداق دېدى: ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن بەش يىلدا خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 57%، مىللىي دارامىتى 50.8% ئاشتى. ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر بەرپا قىلىنىپ مۇكەممەللىشىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

تۇرغۇن ۋەكىل مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىسا، ئىشىك ئېچىۋېتىلمىسە، ئىگىلىكنى ياخشى راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلغىلى ۋە ئۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. جياڭسۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن ۋەكىل ۋۇ رۇڭ مۇنداق دېدى: مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلى بىزگە تېخىمۇ كۆپ ۋە جىددىي ئىسلاھات تەلىپىنى قويىدۇ. ھازىر ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلە چوڭ ۋە ئوتتۇرا كارخانىلارنى جانلاندۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت، بۇ، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئالماشتۇرۇش، ماددىي ئەشيا ئوبوروتى، مەبلەغ ئوبوروتى ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى جانلاندۇرۇشتىن ئايرىلمايدۇ. بىز چوقۇم ئىسلاھاتنى يۈرۈشلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىگىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، ئىسلاھات ئارقىلىق تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. شەندۇڭلۇق ۋەكىل جياڭ چۇنيۈن مۇنداق دېدى: 2 - قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىشىمىز يەنىلا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە باغلىق. يېقىنقى يىللاردا ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە خېلى ئىلگىرىلەش بولدى، لېكىن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە راۋان بولماسلىق، مېخانىزم جانلىق بولماسلىق، ھاياتىي كۈچ يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى بەزى ساھەلەردە يەنە خېلى گەۋدىلىك بولماقتا. بەزى جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتتا تېخى ئىلگىرىلەش بولمىدى. ھازىرقى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم.

ئېلىمىزنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ خەۋىرى. ئېلىمىزنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىلدى. ھازىر پۈتۈن مەملىكەتتىكى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە قوشۇمچە يېمەكلىك يېتەرلىك، باھا مۇقىم بولماقتا، مەملىكەت بويىچە كىشى بېشىغا 24.4 كىلوگرام گۆش، 6.8 كىلوگرام تۇخۇم، 4.2 كىلوگرام سۈت، 10.66 كىلوگرام سۇ مەھسۇلاتى توغرا كېلىدۇ.

ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1990 - يىلى مەملىكەت بويىچە گۆش 27 مىليون 570 مىڭ تونناغا، تۇخۇم 7 مىليون 740 مىڭ تونناغا، سۈت 4 مىليون 720 مىڭ تونناغا، سۇ مەھسۇلاتى 12 مىليون 180 مىڭ تونناغا يەتكەن، كۆكتاتنىڭ مىقدارى ۋە تۈرى داۋاملىق كۆپەيگەن. دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 36 چوڭ، ئوتتۇرا شەھەردىن ئالغان مەلۇماتىدىن قارىغاندا، 1990 - يىلى قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ بازارغا سېلىنىشى جەھەتتە تۇخۇم 13.1%، سۈت 12.8%، كۆكتات 2.2% ئاشقان.

دۆلىتىمىزدە كومپارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنى ھۆكۈمەتتە ۋەزىپىگە قويۇشتا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى

جياڭسۇ بىلەن شەنشى ئۇقتا بەلگىلەپ كادىر ئالماشتۇردى

دۆلىتىمىزدە كومپارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنى ـ ھۆكۈمەتتە ۋەزىپىگە قويۇشتا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 27 ـ مارت خەۋىرى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ھازىر دۆلىتىمىزدە دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھ زاتلىرى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلاردىن ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلار تەخمىنەن 1200 گە يەتكەن. سىياسىي كېڭەش 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 ـ يىغىندا گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلغاندا، ئەزالار بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى.

مەلۇماتتىن قارىغاندا، كومپارتىيە سىرتىدىكى زاتلاردىن گوۋۇيۈەننىڭ ھەر قايسى مىنىستىرلىكلىرىدە مۇئاۋىن مىنىستىر، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىدە مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلار توققۇز، مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى، مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلار توققۇز، پىلانغا ئايرىم كىرگۈزۈلگەن شەھەرلەرنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنى سەككىز؛ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىلەردە مۇئاۋىن ۋالىي، ئۆلكىگە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنى 98؛ مۇئاۋىن ھاكىم (مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى) بولۇپ ئىشلەۋاتقىنى 1042 ئىكەن. ۋاھالەنكى ئۆتكەن يىلىنىڭ بېشىدا كومپارتىيە سىرتىدىكى زاتلاردىن يۇقىرقى ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتقانلار تەخمىنەن 800 ئىدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش كېرەك

ۋەكىل جاڭ يەن مۇنداق دېدى: دۆلىتىمىز دۇنيا تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ يەتتە پىرسەنتى ئارقىلىق دۇنيا ئاھالىسىنىڭ 22 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن ئاھالىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. بۇ، كارامەت نەتىجە، لېكىن ئېلىمىزنىڭ نوپۇسى كۆپ. 2000 ـ يىلغا بارغاندا ئاشلىق ھوسۇلى 500 مىليارد كىلوگرامغا يەتكۈزۈلسە، كىشى بېشىغا ئاران 384 كىلوگرامدىن توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىكىنى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

جياڭ زېمىن مۇنداق دېدى: مەملىكىتىمىزدىكى 1 مىليارد 100 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى ياخشى بېقىش، ياخشى كىيىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. بۇلتۇر يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى. كىشىلەر دائىم كالا، ئات يىلى تېرىقچىلىق ئوبدان بولىدىغان يىل، دېيىشىدۇ. بۇ يىل قوي يىلى، بۇ يىلمۇ مول ھوسۇل ئېلىشىمىز لازىم. بىز يېزا ئىگىلىكىنى ھەر ۋاقىت ئەستە تۇتۇشىمىز لازىم، يېزا ئىگىلىكىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ۋاڭ جىگاڭ، جېڭ لىنسۇن قاتارلىق ۋەكىللەر ئۆز سۆزىدە قانداق قىلىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە كەسىپ سىياسىتىنى تۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

جياڭ زېمىن ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، ئەستايىدىل خاتىرىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش لازىم. ئىگىلىك يۈكسەلگەندە، تۈرلۈك مەسىلىنى ھەل قىلىش ئاسان بولىدۇ. ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش ـ ئاچقۇچ. لېكىن، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى جانلاندۇرۇشنىڭ مۈشكۈللىكىنى تولۇق تونۇش لازىم. چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار ئۈچۈن ياخشى تاشقى شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك، ئىچكى مۇھىتنى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. بۇ يىل «سوپەت، تۈر، ئۈنۈم يىلى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى ـ غۇ؟ مېنىڭچە، سوپەت، تۈر، ئۈنۈمنى بۇ يىللا ئەمەس، پۈتكۈل ئون يىللىق پىلان ۋە 8 ـ بەش يىللىق پىلاننى ئىجرا قىلىش مەزگىلىدىمۇ تۇتۇش كېرەك.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 29 ـ مارت تېلېگراممىسى).

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خەلقنى خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىش، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك؛ تۆتىنچى، دىنىي باشقۇرۇشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، بۇزغۇنچىلارنىڭ دىنىنى دەستەك قىلىپ، تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك؛ بەشىنچى، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك.

ھازىر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىدا ياخشى باشلىنىش بولدى، 1 ـ ئايدىن 2 ـ ئايغىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 243 مىليون يۈەن، مالىيە كىرىمى 20 مىليون 462 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، ئۆتكەن يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 18.03% ۋە 19.74% ئاشتى. يېزىلاردا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قىزىپ كەتتى، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولماقتا. ۋىلايەتلىك پارتكوم ئەزالىرى ۋە يىغىنغا قاتناشقان پارتىيىلىك كادىرلار خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، مۇلازىمەتنى ياخشىلاپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى، پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ شەرق شامىلىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 8 ـ بەش يىللىق پىلان ۋە ئون يىللىق پىلاندىكى كۈرەش نىشانىنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

جياڭسۇ بىلەن شەنشى ئۇقتا بەلگىلەپ كادىر ئالماشتۇردى

«خەلق گېزىتى»، نەنجىڭ خەۋىرى. 23 ـ مارت چۈشتىن كېيىن، ج ك پ جياڭسۇ ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شېن دارېن قاتارلىق كىشىلەر شەنشىگە بېرىپ ئىشلەشكە تاللانغان 73 كادىرنى ئۇزۇتۇپ قويدى. ئۇ شەنشىگە بېرىپ خىزمەت قىلىدىغان كادىرلاردىن: «ئۆگىنىش، ياردەم بېرىش، چېنىقىش»نى ئۈمىد قىلدى.

شەنشىدىكى كونا ئىنقىلابىي رايونلارنىڭ نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان پېشقەدەم يولداشلارنىڭ قىزغىن تەشەببۇس قىلىشى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن جياڭسۇ، شەنشى ئۆلكىلىرى كادىر ئالماشتۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ قارارغا ئاساسەن، جياڭسۇ ئۆلكىسى ئىقتىسادىي خىزمەتنى پىششىق بىلىدىغان بىر تۈركۈم رەھبىرىي كادىرنى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ چىنبا تاغلىق رايونىنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەنشى ئۆلكىسىمۇ ئىقتىسادىي خىزمەتنى باشقۇرىدىغان بىر تۈركۈم رەھبىرىي كادىرنى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك شەھەر، ناھىيىلىرىگە بېرىپ، ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا چېنىقىش ۋە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى.

كادىر ئالماشتۇرۇش ئاساسىدا، جياڭسۇ، شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ كادىر ئالماشتۇرغان رايونلىرى ئۆز ئارا ياردەملىشىپ، ئۇقتا بەلگىلەپ، نىسبىي مۇقىم ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ كارخانىلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى تەكشۈرۈش سىستېمىسى ۋە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان مەنپەئەت تەقسىمات مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

چوڭ يىغىندا ئەزا ۋاڭ شىگراڭ ئاشلىق بازىرى مەسىلىسى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلدى. لياۋنىڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، ئەزا شۈي شاۋفۇ كونا كارخانىلاردا تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئۇقتىلىق توختالدى. دېموكراتىك ئاساستا دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋەن گوجۇەن دېموكراتىك ئاساستا دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: دېموكراتىك ئاساستا دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى ئىقتىسادىي ساھەدىكى زاتلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، بىز بۇ دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھ ئىچىدە «سوپەت، تۈر، ئۈنۈم يىلى» ئۈچۈن چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش ھەسسە قوشۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىمىز. جوڭگو باللار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئەزا لىن جامېي 12 ئەزاغا ۋەكالىتەن سۆز قىلىپ، نوپۇسنى تىزگىنلەشتە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شياڭگاڭلىق ئەزا خۇاڭ كېلى، يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مىنىستىرى، ئەزا يۈي جېنىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئىقتىساد كومىتېتىغا ۋەكالىتەن يىغىندا كەسىپ سىياسىتى مەسىلىسى ۋە پۇل مۇئامىلە بازىرى مەسىلىسى توغرىسىدا ئايرىم ـ ئايرىم پىكىر بايان قىلدى، تەكلىپ بەردى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پابالاگېلىلاڭجې، ۋاڭ گۇاڭيىڭ، چيەن ۋېيچاڭ، خۇ جىڭرۇلار بۈگۈنكى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئېلان

ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭگۈەن پەيچۇسوسىدىن بېرىلگەن پاتىگۇل نامىدىكى 6501012580315352 ـ نومۇرلۇق سالاھىيەت كىنىشكىسىنى يوقاتتۇق. ئېلان قىلىنغان كۈندىن ئېتىبارەن ئىناۋەتسىز.

كىنوخانىلاردا

مۇز ئۈستىدىكى سۆيگۈ

«بەخت» كىنوخانىسىدا: بۈگۈن 10:50 تە، 12:50 تە، 2:50 تە، 5:10 دا (7:10 دا ئەشۇ يىللاردىكى قىش كۈنلىرىدە).

ئالۋاستى ئۆگىسىدىن پەم ئىزدەش

«1 ـ ماي» كىنوخانىسىدا: بۈگۈن 9:50 تە، 12:30 دا، 3:10 دا، 5:50 تە (8:30 دا قوشۇپ قويۇلىدۇ).

لى ليەنيىڭ

«شەرق شامىلى» كىنوخانىسىدا: 12:50 تە، 3:10 دا، 5:20 دە، 7:30 دا؛ «تىنچلىق» كىنوخانىسىدا: 9:40 تا، 11:50 تە، 2:00 دە، 4:10 دا، 6:20 دە، 8:30 دا.

پاناھسىزلىق

«خەلق» تىياتىرخانىسىدا: بۈگۈن 11:00 دە، 1:30 دا، 4:00 تە، 6:30 دا.

ساقچى ئائىلىسىنىڭ ئارسلانلىرى

«ئىتتىپاق» تىياتىرخانىسىدا: بۈگۈن 10:10 دا، 12:10 دا، 2:30 دا، 5:00 تە، 7:10 دا.

قىزىل دېڭىزدىكى ئالۋاستى كۆلەڭگىسى

«شەرق شامىلى» كىنوخانىسىدا: ئەتە 12:50 تە، 3:10 دا، 5:20 دە، 7:30 دا؛ «تىنچلىق» كىنوخانىسىدا: ئەتە 9:40 تا، 11:50 تە، 2:00 دە، 4:10 دا، 6:20 دە، 8:30 دا؛ «1 ـ ماي» كىنوخانىسىدا: ئەتە 9:50 تە، 11:50 تە، 1:50 تە، 4:10 دا، 6:10 دا، 8:30 دا؛ «ئۆكتەبر» كۇلۇبىدا: ئەتە 10:50 تە، 12:50 تە، 2:50 تە، 5:10 دا، 7:30 دا؛ «ئىتتىپاق» تىياتىرخانىسىدا: ئەتە 10:10 دا، 12:10 دا، 2:30 دا، 5:00 تە، 7:10 دا.

كىشىلەر ئارىسىدىكى رەھىمسىزلىك ۋە رەھىملىك

«خەلق» تىياتىرخانىسىدا: ئەتە 11:00 دە، 1:30 دا، 4:00 تە، 6:30 دا؛ «بەخت» كىنوخانىسىدا: ئەتە 11:50 تە، 2:20 دە، 4:50 تە، 7:10 دا.

ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ھاۋا رايى: كۈندۈزى ۋە كېچىسى ھاۋا ئوچۇق بولىدۇ. تېمپېراتۇرا: 1° — 10° بولىدۇ. تۆت بال شامال چىقىدۇ.